# ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى

(بېشى 3 ـ بەتتە)

«دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەتنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى كۈچەيتىش» ۋە «دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش»نى زىچ چۆرىدەپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مەخسۇس تېمىلىق مۇھاكىمە خاراكتېرلىك دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىپ، ئەبەدىي ئەمىنلىك ئاساسىنى پۇختىلاشقا كۈچ چىقىرىش كېرەك. «ئۆزئارا كۆزدىن كەچۈرۈش، ئۆزئارا تەكشۈرۈش مېخانىزمى»نى بەرپا قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىلىك رايون بەرپا قىلىش خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇش»نى چۆرىدىگەن ھالدا مەخسۇس كېڭىشىپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى قاتارلىق ئاممىۋى خىزمەتلەرنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى كۆپ قاتلامدا، كۆپ خىل ئۇسۇل ۋە كۆپ خىل شەكىلدە بارىدى ـ كەلدى قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى كۈچەيتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئىلگىرى سۈرگۈچىلىرى، قوغدىغۇچىلىرى ۋە مۇھاپىزەتچىلىرىدىن بولۇشقا يېتەكلەش كېرەك. پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى قانۇن بويىچە تۈزەش قاتارلىقلارنى چۆرىدەپ چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاممىسىنى توغرا دۆلەت قارىشى، تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، دىن قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ يامراش بوشلۇقىنى ئەڭ زور چەكتە تۈگىتىپ، «ئۈچ خىل كۈچ»نى ئەڭ زور چەكتە يېتىم قالدۇرۇش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش، ئەلرايىنى ئەڭ زور چەكتە ئۇتۇش ۋە مايىل قىلىش كېرەك. چەت ئەلدىكى چياۋمىن قېرىنداشلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلەشمە دوستلۇقنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭلىق چياۋمىن قېرىنداشلار ۋە چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىنى سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇھىم كېڭىشىش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپنىڭ كۈچلىرىنى كەڭ دائىرىدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇش كېرەك.

**(3) مەركىزىي خىزمەتنى زىچ چۆرىدەپ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا پائال مۇلازىمەت قىلىش كېرەك.** دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇشىدىن ئىبارەت «ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش»تا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش، مۇھىم، زور خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پەسەيتىشتىن ئىبارەت ئۇقتىلىق مەسىلىلەر، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى، ساياھەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشتىكى ھالقىلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، چوڭقۇر كېڭىشىپ، ئەمەلىي نازارەت قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. نۇقتىلىق كېڭىشىش، مۇھاكىمە قىلىش پائالىيەتلىرىنى ياخشى تۇتۇپ، «تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ياخشىلاپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش»، «ئائىلە، مەھەللە، ئاپپارات بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن كۆتۈنۈش مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش»، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تۇرمۇش ئەخلىتىنى تۈرگە ئايرىش قۇرۇلۇشىنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش» قاتارلىق قىلىنغان ئايلىق كېڭىشىش ـ سۆھبەتلىشىش يىغىنىنى ياخشى ئېچىپ، مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە دائىر گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى زىچ چۆرىدەپ، دىققەتنى «توققۇز جەھەتتە كۈچنى توپلاپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش»قا مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جېڭىدە غەلىبە قازىنىشقا كۈچ چىقىرىش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن فۇنكسىيەنى ئادا قىلىشنىڭ مۇھىم كۈچ چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش، مائارىپ، داۋالىنىش قاتارلىق ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ، جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايىنى ھەقىقىي ئىنكاس قىلىپ، پايدىلىق چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك. نازارەت قىلىشنى كېڭىشىش جەريانىغا سىڭدۈرۈش ئۇسۇلىنى جارى قىلدۇرۇپ، «بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش»، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، كەسپىي مائارىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق ساھەلەردىكى خىزمەتلەرنى چۆرىدەپ، كېڭەشمە نازارەتچىلىكنى قانات يايدۇرۇپ، پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە يەنىمۇ تۈرتكە بولۇش كېرەك.

## 3. خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەر، سىياسىي كېڭەش تەركىبىدىكى ئورۇنلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى بۇرچى ۋە ۋەزىپىسىنى بىلىپ، بىرلىك سەپ تەشكىلاتلىق ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرىدىغان، ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەپ، خەلق سىياسىي كېڭىشى تۈزۈمىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشى، تېخىمۇ تۇراقلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئۈلگىلىكىنى نامايان قىلىپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنىڭ ئۆزگىچە ئۈستۈنلۈكىنى نامايان قىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەلبنى مۇجەسسەملەش، كۈچ قوشۇش ۋە بىرىكمە كۈچنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتى بولۇش خاراكتېرىنى توغرا ئىگىلىشىمىز كېرەك. مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتىغا خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ خاراكتېرى ۋە خىزمەت ۋەزىپىسى ئۇنىۋېرسال يۈكلەنگەن، ئۇ ھەم تارىخىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھەم دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى ئومۇمەلۇقدىكى ئورنى ۋە رولىنى ئېنىق بېكىتىپ بەردى، خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا قاتنىشىشى ئۈچۈن كەڭ بوشلۇق يارىتىپ بەردى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەر مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتى بولۇشتىن ئىبارەت بۇ خاراكتېر بېكىتمىسىنىڭ يېڭى مەزمۇنىنى، يېڭىدىن يىغىنچاقلانغان تەڭ كۈچ چىقىرىش خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى، «ئۈچ مۇھىم» خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ يېڭى مەزمۇنىنى چوڭقۇر تونۇپ، ۋەكىللىك خاراكتېرى كۈچلۈك، ئالاقە دائىرىسى كەڭ، سىغدۇرۇشچانلىقى زور بولۇشتەك ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، بۈيۈك ئىتتىپاقلىشىش، بۈيۈك بىرلىشىش ئارقىلىق ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئورتاق تونۇشى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، كېڭىشىش دېموكراتىيەسى ئارقىلىق ئىسلاھات ـ تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، يېڭىچە پارتىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچنى ھەقىقىي تۈردە زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك.

مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتىنىڭ ۋۇجۇدىنى پارقىرىتىشىمىز كېرەك. ۋىلايەتلىك (ئوبلاستلىق، شەھەرلىك)، ناھىيەلىك(شەھەرلىك، رايونلۇق) سىياسىي كېڭەشلەر ۋە بىڭتۈەن قارمىقىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەر مۇھىم بازا، مۇھىم سۇپا، مۇھىم يول قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنى بىرلەشتۈرۈش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش بىلەن ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشكە تەڭ كۈچ چىقىرىشتا چىڭ تۇرۇپ، كېڭىشىشنى قانات يايدۇرۇشنى ئاساسلىق خىزمەت قىلىپ، «سۇپا يارىتىش»نى ئاساسلىق خىزمەت ئۇسۇلى قىلىپ، تەڭ كۈچ چىقىرىشنى خىزمەتنىڭ ئاساسىي مەقسىتى قىلىپ، «ئىش بولسا ئوبدان مەسلىھەتلىشىش، كۆپچىلىكنىڭ ئىشىنى كۆپچىلىك مەسلىھەتلىشىش»تە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ نۇقتىلىق خىزمەتلىرى، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇشىدىكى قىيىن نۇقتىلار، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشتىكى مەركىزىي نۇقتىلارنى چۆرىدەپ، كۆپ خىل كېڭىشىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى ۋە ئاساسلىق خىزمەت ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك. پارتكوم ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش بىلەن بىرلىكتە يىللىق كېڭىشىش پىلانىنى تۈزۈش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كېڭىشىش ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە تۈرتكە بولۇشنى زۆرۈر ھالقا قىلىپ، كېڭىشىشنى تەدبىر بەلگىلەشتىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىش ۋە تەدبىرنى يولغا قويۇش جەريانىغا سىڭدۈرۈشتىن ئىبارەت ئەمەلىيلەشتۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كېڭىشىش شەكلىنى بېيىتىپ، كېڭىشىش تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، كېڭىشىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنىڭ كەڭ دائىرىلىك بولۇش، كۆپ قاتلاملىشىش ۋە تۈزۈملىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئەلدىن مەسلىھەت ئېلىش، ئەل ئۈچۈن مەسلىھەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەزالار فۇنكسىيەنى ئادا قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە ھەر خىل ئاساسىي قاتلام كېڭىشىش سۇپىسىنى تەسىس قىلىپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ كېڭىشىشنى ئاساسىي قاتلامنىڭ كېڭىشىشى بىلەن جىپسىلاشتۇرۇش، ئاساسىي قاتلامنىڭ جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك شەكلى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ كېڭىشىشنىڭ ئاساسىي قاتلامغىچە كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولۇپ، خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئۇللۇق ھالقا سۈپىتىدە سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەھۋالنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى ئېنىقلاپ، چوڭقۇر تەھلىل ۋە مۇھاكىمە قىلىپ، جايىدا چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، ئۆزىنى تەربىيەلەپ، يۈكسەلدۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، فۇنكسىيەنى ئادا قىلىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش ناھىيە دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشكە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ كېڭىشىش، خىزمەت ئالماشتۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «ناھىيە دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئۇل خىزمىتى ئاجىز بولۇش، ئادەم كۈچى يېتىشمەسلىك» مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىش كېرەك. سىياسىي كېڭەشنىڭ فۇنكسىيەنى ئادا قىلىش خىزمىتى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سۈپەت يۈنىلىشىنى كۈچەيتىپ، كۆزدىن كەچۈرۈش ـ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايىنى ئىنكاس قىلىش، تارىخىي ماتېرىياللار، ئاخبارات ـ تەشۋىقات، نەزەرىيە تەتقىقاتى قاتارلىق دائىملىق خىزمەتلەردە يېڭىلىق يارىتىش كېرەك. مەخسۇس كومىتېتنىڭ خىزمەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەخسۇس كومىتېتلار ماسلىشىپ تەڭ ھەرىكەت قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، مەخسۇس كومىتېت خىزمىتىنىڭ مەخسۇسلىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ساھەلەر خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساھەلەر فۇنكسىيەنى ئادا قىلىشنىڭ ئۇسۇل ـ شەكىللىرى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، ساھەلەر خىزمىتىنى جانلاندۇرۇش ۋە كۈچەيتىش كېرەك.

يېڭى دەۋردىكى مەسئۇلىيەتچان ئەزانىڭ قىياپىتىنى تولۇق نامايان قىلىشىمىز كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «دۆلەت ئۈچۈن فۇنكسىيەنى ئادا قىلىش، خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش» دېگەن تاپشۇرۇقىنى باشتىن ـ ئاخىر ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئاڭلىق ھالدا كەسپىنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ تۈرلۈك كېڭىشىش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، خەلق سىياسىي كېڭىشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش داۋامىدىكى سۇبيېكتلىق رولىنى يەنىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي مەيدان، سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي پرىنسىپ، سىياسىي يول جەھەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن باشتىن ـ ئاخىر يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالىي نوپۇزى، ئاخىرقى قارار چىقىرىدىغان نوپۇزىنى قەتئىي قوغداپ، پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى كېرەك. بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق مۇھىم، زور پرىنسىپال مەسىلىلەردە باشتىن ـ ئاخىر ئىشەنچلىك بولۇپ، ئوتتۇرىغا چىقىپ، دادىل پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، بايرىقى روشەن ھالدا «ئۈچ خىل كۈچ» ۋە «ئىككى يۈزلىمىچى»لەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى كېرەك. مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئالىدىغان ھەقىقىي قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈپ، «سىياسىي كېڭەشنى چۈشىنىش، كېڭىشىشنى بىلىش، مۇھاكىمە قىلىشقا ماھىر بولۇش» جەھەتتە ئەجىر سىڭدۈرۈپ، «ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، قائىدىگە، ئەخلاققا ئەھمىيەت بېرىش»نى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، سىياسىي جەھەتتە ئىگىلەش ئىقتىدارى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىقتىدارى، ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش ئىقتىدارى، ھەمكارلىشىپ بىللە ئىشلەش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە كېڭىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك. كۆۋرۈكلۈك، تۈگۈنلۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ساھەدىكى ئامما بىلەن پائال، تەشەببۇسكار ھالدا ئالاقىلىشىپ ۋە ئۇلارغا خىزمەت قىلىپ، موھتاجلىقتا جانغا ئەسقاتىدىغان، نامراتلارنى يۆلەپ، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىدىغان ئىشلارنى، دىلنى يورۇتىدىغان، گۇمانىنى ئايدىڭلاشتۇرىدىغان ئىشلارنى، كەيپىياتنى راۋانلاشتۇرىدىغان، زىددىيەتنى پەسەيتىدىغان ئىشلارنى كۆپرەك قىلىپ، ئاممىنىڭ پىكرى ۋە ساداسىنى ئىنكاس قىلىش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى تەشۋىق قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك. ئىش قىلىش، ئىگىلىك تىكلەش جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ، كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۈرەش قىلىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، كۈرەش قىلغۇچىغا خاس قىياپەت ۋە غەيرەتنى ھەر ۋاقىت ساقلاپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئۆزگىچە ئىشلىشى كېرەك.

ھۆرمەتلىك ئەزالار! يېڭى دەۋر يېڭى بۇرچنى يۈكلىدى، يېڭى سەپەردە يېڭى نەتىجىلەرنى نامايان قىلىش كېرەك. ھەممەيلەن يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى ـ تەلىپى بويىچە، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، كۆپنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە 13 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلاننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى!

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ ئويۇن كۆرۈشكە قاتناشقان ئارمىيەدىكى پېشقەدەم يولداشلار ۋە پۈتۈن ئارمىيەدىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم كادىرلارغا بايراملىق سالام يوللىدى ھەم چاغلىق بەخت تىلىدى.

يېڭى جۇڭگونى مەدھىيەلەپ، يېڭى دەۋردە كۈرەش قىلىش. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى چاغان يېتىپ كېلىش ئالدىدا، يېڭى جۇڭگونى قۇرۇش، قوغداش، گۈللەندۈرۈش، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى پېشقەدەم كادىرلار شاد ـ خۇرام بىر يەرگە جەم بولۇپ، كاتتا چاغانى خۇشال كۈتۈۋالدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 4لەر ئەتراپىدا، شى جىنپىڭ پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئارىسىغا يېتىپ كەلدى، پۈتۈن مەيداندا قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. شى جىنپىڭ كۆپچىلىك بىلەن سەممىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى كۆڭۈل بۆلۈپ سورىدى، ئۆتكەن بىر يىلدا پارتىيە، دۆلەت، ئارمىيە ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى بىرلىكتە ئەسلەپ ئۆتتى. پېشقەدەم يولداشلار بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئارمىيەنى سىياسىي ئارقىلىق قۇرۇش، ئارمىيەنى ئىسلاھات ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ 2020 ـ يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشىمىز.

ئويۇن «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»نى باش تېما قىلغان بولۇپ، مۇقەددىمە، خاتىمە ۋە «ئارمىيە روھىنى مەڭگۈ تاۋلاش»، «خەلققە رىشتە باغلاش»، «ئالقانچىلىك زېمىننىمۇ تارتقۇزۇپ قويماسلىق»، «جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ جەزمەن غەلىبە قىلىش»، «تومۇرداشلىقنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇش»، «تەنتەنىلىك ۋەدە»، «مىللەتنىڭ گۈللىنىشى» قاتارلىق يەتتە گۇرۇپپا نومۇردىن تۈزۈلگەن، ناخشا ـ ئۇسسۇل، مەنزىرە دىيالوگى، كىنو ـ تېلېۋىزىيەدىن ئارىيە قاتارلىق كۆپ خىل سەنئەت ۋاسىتىلىرىنى ئۇنىۋېرسال قوللىنىپ، پارتىيەمىز، ئارمىيەمىزنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى ئەۋج ئالدۇرۇشنى يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش سالاپىتىنى نامايان قىلىش بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرگەن. بايرامنى تەبرىكلەش تۈسى قىزغىن بولغان مەنزىرە ئويۇنى ۋە ئۇسسۇلى «چاغان ئۆتكۈزۈش · ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم» بىلەن ئويۇننىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى. ناخشا «خەلق ئارمىيەسى پارتىيەگە سادىق»، «بىز گۇتيەندىن قايتا يولغا چىقتۇق»دا، خەلق ئارمىيەسىنىڭ پارتىيەگە مۇتلەق سادىقلىقى، پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا قەتئىي بويسۇنىدىغانلىقىدەك ئۇيۇل تاشتەك ئېتىقادى ئىپادىلەنگەن. كلاسسىك ناخشا «قىزىل ئارمىيە ئاكا ئاۋايلاپ مېڭىڭ» ۋە يېڭى ناخشا «خىسلەت»تە، خەلق پەرزەنت ئەسكەرلىرىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ھايات ـ ماماتتا بىللە بولۇشتەك بېلىق بىلەن سۇدەك چوڭقۇر مۇھەببىتى، ئىلغار قەھرىمان نەمۇنىلىرىنىڭ ئىنقىلابىي خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاشتەك ئالىيجاناب روھى ئىپادىلەنگەن. لەپەر «ۋەتەننىڭ دېڭىز ـ ئوكياندا»، «ھاياتىم بىلەن سېنى قوغدايمەن»دە، ئۈچ ئارمىيە كوماندىر ـ جەڭچىلىرىنىڭ ۋەتەننى قوغداش، ئالقانچىلىك زېمىننىمۇ تارتقۇزۇپ قويماسلىقتەك جاراڭلىق قەسىمى نامايان قىلىنغان. جەڭ ناخشىسى «جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ جەڭ مارشى · بىز بوشلۇقتىكى تەڭداشسىز بۈركۈت»، «بىز تەييارلىنىپ بولدۇق»تا، قىزىل تومۇرغا ۋارىسلىق قىلىش، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، غەلىبە قىلىشقا ئىرادە باغلاشتەك كۆرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسى نامايان قىلىنغان. لەپەر «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماسلىق»، «پولاتتەك ياچېيكا، قەھرىمان ئەسكەر»دە، ئېسىل ئەنئەنىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، ئاساسىي مەقسەت، خىسلەتنى مەڭگۈ ساقلاشتەك يېڭى ئىستىل، يېڭى قىياپەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «مېنىڭ سۈزۈك سۇلىرىم، يېشىل تاغلىرىم»، «تەنتەنىلىك ۋەدە» قاتارلىق ناخشىلاردا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنىڭ جانلىق كارتىنىسى قايتا نامايان قىلىنغان. لەپەر «يېڭى زېمىن»، «تىنچلىق مەشئىلى» ۋە ئارىلاشما ئاۋازلىق خور «پاراتنى كۆزدىن كەچۈرۈك»دە، ئارمىيە بىلەن خەلق بىر نىيەتتە جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئەمەلگە ئاشۇرۇشتەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش نامايان قىلىنغان. ئويۇن «جۇڭگو يولى»نى باشلاپ ئېيتىش ۋە بىرلىشىپ ئېيتىشنىڭ جۇشقۇن ناخشا ساداسى ئىچىدە ئاخىرلىشىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەشتەك ئۇلۇغۋار ئىرادىسى، جۇشقۇن ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى.

شۇ چىلياڭ، جاڭ يوۋشيا، ۋېي فېڭخې، لى زوچېڭ، مياۋ خۇا، جاڭ شېڭمىن بىللە كۆردى.

ئويۇننى كۆرگەنلەردىن يەنە ھەربىي كومىتېت ئورگىنىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق چوڭ ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر ۋەكىللىرى بار.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)